# 2020 ـ يىللىق بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قويۇپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلان قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ئەن بېي)** جۇڭگو ھۆكۈمەت تورى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ 2020 ـ يىللىق قىسمەن بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئېلان قىلدى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2020 ـ يىللىق بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: يېڭى يىلدا 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ، جەمئىي بىر كۈن؛ چاغاندا 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈندىن 30 ـ كۈنگىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، دەم ئېلىش تەڭشىلىدۇ، جەمئىي يەتتە كۈن، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (يەكشەنبە)، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (شەنبە) خىزمەت قىلىنىدۇ؛ چىڭمىڭ كۈنىدە 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىن 6 ـ كۈنگىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، دەم ئېلىش تەڭشىلىدۇ، جەمئىي ئۈچ كۈن؛ ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن 5 ـ كۈنگىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، دەم ئېلىش تەڭشىلىدۇ، جەمئىي بەش كۈن، 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (يەكشەنبە)، 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى (شەنبە) خىزمەت قىلىنىدۇ؛ دۇەنۋۇ بايرىمىدا 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىن 27 ـ كۈنگىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، دەم ئېلىش تەڭشىلىدۇ، جەمئىي ئۈچ كۈن، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (يەكشەنبە) خىزمەت قىلىنىدۇ؛ دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ بايرىمىدا 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن 8 ـ كۈنگىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، دەم ئېلىش تەڭشىلىدۇ، جەمئىي سەككىز كۈن، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى (يەكشەنبە)، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (شەنبە) خىزمەت قىلىنىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنى مەزگىلىدە ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار نۆۋەتچىلىك ۋە بىخەتەرلىك، قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇۋاپىق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرگە يولۇققاندا، بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ ھەم مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئامmىنىڭ بايرام ـ دەم ئېلىش مەزگىلىنى ئاسايىشلىق، تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# ئومۇمىي يىغىن روھىدىن ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختا بولۇش، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نۇرلان ئابلىمجىن مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى جىگدىلىك باغ كەنتى ۋە پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى ئاياغ لەڭگەر كەنتىگە بېرىپ، ھەر مىللەت ئامما، يېزا ـ كەنت كادىرلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى يوقلىدى، كۆپچىلىك بىلەن كىرىم توغرىسىدا سۆزلەشتى، ئۆزگىرىش توغرىسىدا پاراڭلاشتى، تەرەققىيات توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى، يۈزتۇرا لېكسىيە سۆزلىدى. تۇرغۇن ھاشىم قاتارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە، كۆپچىلىك يېڭى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا بەس ـ بەستە سۆزلىدى: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن نەپكە ئېرىشىپ، ئائىلىمىز ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بۇ يىل 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ!» «كەنتىمىزدە غەينۇلا كەسپىي راۋاجلاندۇرۇلدى، ئائىلەمدە تۆت مو يەردە بار بولۇپ مېۋىگە كىردى، 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇق»... نۇرلان ئابلىمجىن مۇنداق دېدى: كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن، كومپارتىيە بولمىسا بۈگۈنكى ياخشى كۈنلەر بولمايتتى. بىز چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىمىزغا تايىنىپ بەختلىك گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ۋە ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ 1 ـ شۇجىلىرىنى يوقلىغاندا، نۇرلان ئابلىمجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىدىن ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىش، قەلبلەرگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش كېرەك. چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

لېكسىيە سۆزلەش داۋامىدا، نۇرلان ئابلىمجىن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئىدىيە، كۆزقاراش، مۇھىم، زور تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ھازىرقى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، باش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، كۈچ قوشۇش، بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇش كېرەك.

نۇرلان ئابلىمجىن يەنە مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توقۇمىچىلىق شەھەرچىسى ۋە پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى نەسىللىك گۆش قويى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، 1000 مولۇق غەينۇلا تىكىش ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىغا بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

# ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ بىڭتۈەندە جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئامما بىلەن ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ بىڭتۈەندە ئومۇميۈزلۈك، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۇدۇنزى دېھقانچىلىق مەيدانى 2 ـ لىيەنىدە، سۈن جىنلۇڭ ئورمان بەلبېغىنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، لىيەندۈيىنىڭ ۋاڭ لياڭ، ما چىڭ، لو ئەيشيا قاتارلىق «ئىككى كومىتېت» ئەزالىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممما بىلەن چوڭقۇر سۆھبەتلەشتى، ئورمان ھوقۇقى ئىسلاھاتى ۋە تۈەن ـ مەيدان ئىسلاھاتىدىن كېيىن يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. 101 ـ تۈەننىڭ نەنچۈەن مەھەللىسىدە، سۈن جىنلۇڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. سۈن جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى بىر تۈركۈم تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈش بولدى. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، لىيەندۈينىڭ يەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، خەلق ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» ئاساسىي تۈزۈمى ۋە لىيەندۈي ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى، بىڭتۈەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قائىدىسى قاتارلىق يۈرۈشلۈك تۈزۈملەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھاتتا شەكىللەنگەن تۈزۈم نەتىجىلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

تۇدۇنزى دېھقانچىلىق مەيدانى ئورگىنىدا، سۈن جىنلۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن چۆرىدەپ بىللە ئولتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى، ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى. سۈن جىنلۇڭ ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش»نىڭ نېمە ئۈچۈن باش تېما قىلىنغانلىقى، جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكى، جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن سۆزلەش، سوراش، جاۋاب بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى توغرىسىدا چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك، ئەتراپلىق لېكسىيە سۆزلىدى ھەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممما ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە نەق مەيداندا جاۋاب بەردى.

سۈن جىنلۇڭ لېكسىيە سۆزلەش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىڭتۈەن «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىڭتۈەن ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ياخشى ئۆگىنىشى، ياخشى تەشۋىق قىلىشى، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئاۋانگارتلىق، ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى ئۈلگىلەردىن بولۇشى كېرەك. كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممما بىڭتۈەننىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى پائال ھىمايە قىلىپ، قوللاپ، قاتنىشىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ بىڭتۈەندە جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.




# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى تەستىقلىغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا مۇنداق جاكارلاندى: ئاساسىي قانۇننى يېتەكچى قىلغان، ئاساسىي قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى قاتارلىق كۆپلىگەن قانۇن تارماقلىرىنىڭ قانۇنلىرى ئاساس قىلىنغان، قانۇن، مەمۇرىي نىزام، يەرلىك نىزام قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق قانۇن قائىدىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسى شەكىللەندى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى ھەمدە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2010 ـ يىلىغا بارغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت قانۇن چىقىرىش خىزمىتى نىشانى ئۆز قەرەلىدە ئورۇندالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قەتئىي بوشاشماي ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن ماقۇللاندى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدىن بەشى ماقۇللاندى. 2010 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان كۈچكە ئىگە قانۇندىن 236نى، مەمۇرىي نىزامدىن 690دىن كۆپرەكنى، يەرلىك نىزامدىن 8600دىن كۆپرەكنى تۈزۈپ چىقتى ھەم ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزام، يەرلىك نىزاملارنى مەركەزلىك ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدى. جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى قانۇن تارماقلىرى تولۇق بولدى، ھەرقايسى قانۇن تارماقلىرىدا نېگىزلىك، ئاساسلىق قانۇنلار تۈزۈلدى، مۇناسىپ مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزاملار بىرقەدەر مۇكەممەل بولدى، قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىلمىي، ئىناق، بىرلىككە كەلگەن بولۇش ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دەۋر تەلىپىنى، قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى بىرلىكى ھەم كۆپ قاتلاملىق دۆلەت ئەھۋالى تەلىپىنى، جۇڭگونىڭ قانۇنچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىنسانىيەت قانۇنچىلىق مەدەنىيلىكى نەتىجىلىرىنى ئۆرنەك قىلىشنىڭ مەدەنىيەت تەلىپىنى ھەممىدە ھەرىكەتچان، ئېچىۋېتىلگەن، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات تەلىپىنى نامايان قىلدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇن سىستېمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ قانۇنچىلىق ئاساسى، يېڭى گۈللىنىش يارىتىش ئەمەلىيىتىنىڭ قانۇنچىلىق ئىپادىسى، گۈللەپ ياشنىشىنىڭ قانۇنچىلىق كاپالىتى. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر ئابىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

# سىياسەتنى توغرا ئىگىلەش، ئۇسۇلنى ئىگىلەش، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

تەربىيەلەش كۇرسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك «قىش پەسىللىك ھۇجۇم»نى تۇتقا قىلىپ، «ئادەم»دىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق ئامىلنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆگىنىش، تەربىيەلەش، يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەشنى چۈشىنىدىغان، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى بىلىدىغان، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى قوشۇنىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان دەستۇر، قورال كىتاب، كومپاس قىلىپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىدە «كىمنى يۆلەش» «كىم يۆلەش» «نېمىنى يۆلەش» «قانداق يۆلەش» «ياخشى يۆلىيەلمىسە قانداق قىلىش» «قانداق چېكىندۈرۈش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسەت تەلىپىنى ھەقىقىي توغرا ئىگىلەپ، توغرا ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ساغلام ئالغا سىلجىشىغا، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېگى ـ تەكتىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، بارلىق خادىملارنى تەربىيەلەش، تۈر قۇرۇلۇشى، مەسىلىنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، «قىش پەسىللىك ھۇجۇم» تەشەببۇسكارلىق ئۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەلەپ قىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، «بىر نىشان»نى چىڭ ئىگىلەپ، «بىرنى زىچ بىرلەشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «توققۇزدا كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «توققۇز ئېنىق بولۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئېغىر نامراتلىق ئىستىھكامىنى قەرەلىدە بىتچىت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)